100 يىللىق كۈرەش يولى  يېڭى مۇسابىقىگە ئاتلىنىش

# چاۋياك راۋىقىدىكى كاتتا توي مۇراسىمى

جۇلان قىلغان قىزىل بايراق

ھېكايىلەر توپلىمى ③

□ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى چېك يۈيۈ

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى خەلق باغچىسىدا بىر قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى جۇڭگوچە راۋاق ــــ چاۋياك راۋىقى بار. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە ئارام ئېلىۋاتقان كىشىلەر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا بۇ يەردە بىر مەيدان كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ، بۇ توي مۇراسىمىنىڭ 70 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئىنقىلابىي مۇھەببەتكە گۇۋاھ بولغانلىقىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان يۈ شيۇسۇڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز شېڭ شىتۇڭ بىلەن توي قەسرىگە قەدەم قويغان. توي مۇراسىمىدا دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى)نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى نەق مەيدانغا كەلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات كىنو ئىستۇدىيەسى ئالايىتەن كېلىپ ھۆججەتلىك فىلىمنى سۈرەتكە ئالغان، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئارقىلىق بىر چامادان كىيىم ئەۋەتىپ تەبرىكلىگەن.

ئىككىسىنىڭ تەقدىرى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن باشلانغان. 1935 ـ يىلى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال يۈ شيۇسۇڭنى شىنجاڭغا شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتكەن. شېڭ شىسەي يۈ شيۇسۇڭنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ئۇنى 2 ـ سىڭلىسى ۋە قىزىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ 2 ـ سىڭلىسى دەل شېڭ شىتۇڭ ئىدى. دەرستىن كېيىن، يۈ شيۇسۇڭ دائىم ئۇنىڭغا ئىنقىلابقا قاتناشقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن.

يۈ شيۇسۇڭنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ۋە پەزىلىتى، سېھرىي كۈچى ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان بۇ قىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن. بىر قېتىم، شېڭ شىتۇڭ شېنياڭدىكى قولدىن كەتكەن رايوندا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارنى قانداق بوزەك قىلغانلىقى، ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەسلىگىنىدە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەن. يۈ شيۇسۇڭ: «شى تۇڭ، ئىسمىڭىز نېمىدېگەن مەنىلىك، گۈللىنىش، بىرلىككە كېلىش دېگەن مەنىدە ئىكەن! بۇ بىزنىڭ كوممۇنىزم غايىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن مىللەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ قەلبى تېخىمۇ يېقىنلاشقان، ئىنقىلابىي ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىغان.

تويدىن كېيىن ئىككىيلەن بىر يىلدىن كۆپرەك شېرىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. «چۈنكى، بىزنىڭ ئورتاق غايىمىز بولغاچقا، تۇرمۇشىمىز مەنىلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن» دېگەن شېڭ شىتۇڭ ئەسلەپ. ئويلىمىغان يەردىن، شېڭ شىسەي ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يۈ شيۇسۇڭ تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە قامالغان. يېرىم يىلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان، شېڭ شىتۇڭ ئايرودرومدا ئېرىنى ئۇزىتىپ قويغان. «تۇڭمېي، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىنقىلاب ئۈچۈن باتۇر ئادەم بولۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، زوراۋانلىقتىن قورقماسلىق كېرەك، ئۆزىڭىز تاللىغان ئىنقىلاب يولىدا مېڭىڭ.» ئۇ ئېرىنىڭ جۇدالىق پەيتىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئىنچىكە ئېسىدە چىڭ ساقلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن يۈ شيۇسۇڭنىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. شېڭ شىتۇڭ شېڭ شىسەي بىلەن ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئانىسى ئەن جىڭفېڭ بىلەن بىللە دۇبەن مەھكىمىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، فامىلىسىنى ئانىسىنىڭ فامىلىسىگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە ئەن جىجېي دەپ ئىسىم قويغان.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەن جىجېي يۈ شيۇسۇڭنىڭ يۇرتى جېجياڭ جۇجىغا كېلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەن جىجېي يۈ شيۇسۇڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ تولۇپ تاشقان مۇھەببىتىنى ئارزۇ ـ ئارمانغا ئايلاندۇرۇپ، شيۇسۇڭنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ روھىغا تەسەللىي بېرىشنى ئويلىغان. 1961 ـ يىلى، يۈ شيۇسۇڭ شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان. 1962 ـ يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى شەرەپ خاتىرە گۇۋاھنامىسى»نى ئىمزا قويۇپ تارقاتقان.

ئەن جىجېي ئىنچىكە يۈ شيۇسۇڭنىڭ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئۇ شاڭخەيدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يۈ شيۇسۇڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدىكى ئارزۇسىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ، تەكرارلاش مەكتىپى ئاچقان. 1982 ـ يىلى ئەن جىجېي شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 2006 ـ يىلى، 91 ياشلىق ئەن جىجېي خاتىرجەم ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى قالدۇرغان بولۇپ، يۈ شيۇسۇڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئون يىل بولغان پەيتتە تارتىلغان. سۈرەتتىكى ئۇ بېشىغا گۈل تاقىغان، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىمنى كىيگەن بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە «سىزنى ئون يىل ساقلىغان ئۇنى يەنە تونۇيالامسىز!» دەپ يېزىلغان رەتلىك خەتلەر بار ئىدى، يۈ شيۇسۇڭ ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئىنقىلاب قىلىش، ئوقۇش، ئىنقىلابىي ئائىلە قۇرۇش كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ ئىش دېگەنىدى. يۈ شيۇسۇڭ ئارزۇسىغا يەتكەن، سۆيۈملۈك خوتۇنى ئۆمۈرلۈك ھاياتى ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىنى تەسەللىي تاپقۇزغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر يىل ئەن جىجېينىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىغا ئايلانغان.

**(ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ تەييارلىغان)**



1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يۈ شيۇسۇڭ بىلەن شېڭ شىتۇڭ دىخۇا غەربىي باغچىسى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق باغچىسى)دىكى چاۋياك راۋىقىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.
□لى دۇڭ سىزغان

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كونترول ئۆيىدىن چىقمايلا، مەن نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنى بەش قولدەك بىلەلەيمەن.» يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتى ئۇچۇر مەركىزىدە، ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم ئەقلىي ئىقتىدارلىق سىستېمىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى.

يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتى زاۋۇت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، رەقەملەشتۈرۈش، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان بولۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى باشقۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقا تايىنىپ، كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پەرقلىق يىپ ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يېشىل زاۋۇت ئىدىيەسىنىڭ شىركەتتە يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپى قىسقاردى، مەھسۇلات سۈپىتى مۇقىملاشتى، خام ماتېرىيالنىڭ خورىشى تۆۋەنلىدى.

ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش يېشىل زاۋۇت بەرپا قىلىش ۋە يۈرۈشتۈرۈشتىكى يادرولۇق ھالقا، شىركەتنىڭ ئاساسلىق توك ئىشلىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى بىردەك چاستوتا ئۆزگەرتكۈچ ئارقىلىق كونترول قىلىپ، ھاۋا بېسىملىق ماشىنا گورۇپپىسىنىڭ قالدۇق ئىسسىقلىقىنى يىغىۋېلىش، ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ قالدۇق ئىسسىقلىقىنى يىغىۋېلىش، ھاۋا بېسىملىق ماشىنا گورۇپپىسىنى تورلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ سېلىشتۇرما بىرلىك مەھسۇلات مىقدارىغا كېتىدىغان توك سەرپىياتىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسىپلەر ئارىسىدا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزدى.

«ئەقلىي ئىقتىدارلىق چوڭ سانلىق مەلۇمات بىلەن ئىلغار ھۈنەر ـ سەنئەتنى بىرلەشتۈرۈش بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆۋەن سەرپىياتلىق، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا، بايلىقنى ئەلالاشتۇرۇشىمىز ۋە دەۋرىي پايدىلىنىشىمىزغا تۈرتكە بولدى» دېدى يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جۇ جېڭيەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى، يىللىق سېتىش سوممىسى 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. جۇ جېڭيەن مۇنداق دېدى: «كەلگۈسىدە، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى دائىرىلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى كۆرۈنمىلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئارخىپلىرىنى قەغەزسىزلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاشكارىلاش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېشىللاشقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇت، يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىدىغان ئاقىل كارخانا بەرپا قىلىدۇ».

---

مۇتەخەسسىس مۇنداق بىلدۈردى:

# يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى بىخەتەر، ئىشەنچلىك

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

**ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ**

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە تۈركۈملەپ ئەملىنىشكە باشلىدى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى بىخەتەرمۇ؟ ئەملەنگەندىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىتتا ئانتىتېلا شەكىللىنىدۇ؟ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ۋاكسىنا ئەملەتسە بولامدۇ؟ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ كونترول قىلىش مەركىزى ئىممۇنىتېت پىلانلاش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىي نا ئاممىنىڭ گۇمانىي سوئاللىرىغا يېشىپ جاۋاب بەردى.

«نۆۋەتتە بىز ئىشلىتىۋاتقان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنا، قوللىنىلغان ئاكتىپسىزلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئىنتايىن پىشقان تېخنىكا.» شىي نا مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى باشقا ۋاكسىنىلارغا ئوخشاش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش جەريانىدا ھايۋانات تەجرىبىسى ۋە I باسقۇچلۇق، II باسقۇچلۇق، III باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، ۋاكسىنىنىڭ ھايۋانات ھەم ئادەم بەدىنىدە ناچار تەسىر پەيدا قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ناچار تەسىر پەيدا قىلىش دەرىجىسى باھالانغان. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنىڭ بىخەتەرلىكلىكى ۋە ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بەلگىلىگەن بازارغا سېلىش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، كەڭ دائىرىدىكى كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۈنۈملۈك قوغداشنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

«ھازىرغا قەدەر، ۋاكسىنا ئەملەتكەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ۋاكسىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر ناچار تەسىر بايقالمىدى، باشقا ۋاكسىنىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ناچار تەسىرمۇ بايقالمىدى.» شىي نا مۇنداق دېدى: گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 64 مىليون 980 مىڭ ئادەم قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى ئەملەنگەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى ئەملەتكەنلەر قېتىم سانى نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەرەققىي قىلىۋاتقان 69 دۆلەتكە ھەقسىز ۋاكسىنا ياردىمى بەردى ھەم بېرىۋاتىدۇ، 43 دۆلەتكە ۋاكسىنا ئېكسپورت قىلدى.

«دۆلىتىمىزنىڭ كەڭ دائىرىدە ۋاكسىنا ئەملىيەلىشى ھەمدە باشقا دۆلەتلەرگە ۋاكسىنا ياردىمى بېرەلىشى يەنە بىزنىڭ ۋاكسىنىمىزنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.» شىي نا مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىز تەستىقلىغان ۋاكسىنىنىڭ بىخەتەرلىكلىكى، ئۈنۈملۈكلۈكى توغرىسىدا ياخشى دەلىل ـ ئىسپات بار، بىزمۇ ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، قوشۇلۇش، ۋاكسىنا ئەملەشكە بولمايدىغان كېسەللەرنى ساقىت قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ۋاكسىنا ئەملەشكە پائال قاتنىشىشنى تەشەببۇس قىلىمىز».

ئالدىنقى مەزگىلدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىنى كىلىنىكىلىق تەجرىبە قىلىش تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 2 ـ قېتىملىق ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىنى ئەملەپ تەخمىنەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئەملەتكۈچىلەر تولىدا بىرقەدەر ياخشى ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى شەكىللەنگەن. «ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، قىزىش، يۇقۇملىنىش قاتارلىق كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلار، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى كەمچىل كىشىلەر توپى ھەمدە ئېغىر دەرىجىدىكى جىگەر، بۆرەك كېسىلى، دورا بىلەن كونترول قىلغىلى بولمايدىغان يۇقىرى قان بېسىم، قەنت كېسىلى ئەگەشمە كېسەللىكى، يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە گىرىپتار بولغۇچىلار قاتارلىق كىشىلەر ۋاكسىنا ئەملەشكە ماس كەلمەيدۇ» دېدى شىي نا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يېتەكلەپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىدەك كۆرۈنۈش كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا بىر قېتىملىق جانلىق پارتىيە تارىخى دەرسى بولدى» دېدى كۆكتوقاي ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گۇ فاڭ.

بۇ چاغدا، شۆيۈەننىڭ ئەن گۈيخۇەي كۆرگەزمە زالىدا، يەنە بىر تۈركۈم ئېكسكۇرسىيەچىلەر شۆيۈەننىڭ لېكتورى جياك شۆيەننىڭ تەسىرلىك بايانى ئىچىدە، ئەن گۈيخۇەينىڭ ئىش ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇۋاتاتتى. 1958 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە، ئەن گۈيخۇەي كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان، يېڭى جۇڭگو ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاشۇ بىر نەچچە يىلدا، كۆكتوقاي دۆلەت ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرز قايتۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئەن گۈيخۇەينىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن كاندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، دۈمبىسىگە يۈدۈپ، سېۋەت ـ سېۋەت رۇدا ئارقىلىق دۆلەت ئۈچۈن ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك تاشقى قەرزنى ئۈستىگە ئالغان.

«ئەن گۈيخۇەي كۆرگەزمە زالىنى بەرپا قىلىشتا، ئېكسكۇرسىيەگە، ئۆگىنىشكە كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆكتوقاي روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلدۇق» دېدى كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ دەن. بۇ كۆرگەزمە زالى «ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجىغان يىللار، جەڭ مەيدانىغا قايتا ئاتلىنىش، خەلققە سادىق بولۇش، پاك ـ دۇرۇس بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت قىسىم ئارقىلىق ئەن گۈيخۇەينىڭ پارتىيە ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ھاياتىنى بايان قىلغان.

كىچىكىدىن كۆكتوقاي بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان خالىدە مۇسابېك بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى گورۇھى ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئەسلەپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىمەن، پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەرىكىتىمدە كۆكتوقايدىكى پېشقەدەم بىر ئەۋلاد قۇرغۇچىلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىمەن ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىمەن» دېدى خالىدە.

2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنىگە رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىلدى. كادىرلار شۆيۈەنى 3 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقى، يەر ئاستى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېئولوگىيە كۆرگەزمىخانىسى قاتارلىق قىزىل تارىخىي ئىزلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، نەق مەيدان ئوقۇتۇشى، كۆرۈنۈش ئوقۇتۇشى، ئەمەلىي مىسال ئوقۇتۇشى، قىزىل ناخشا ئوقۇتۇشى، شېئىر ئوقۇتۇشى، ئەمەلىي كۆرۈنۈش ئوقۇتۇشى قاتارلىق ئون خىل ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد قۇرغۇچىلارنىڭ ۋەتەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا، ئىشلەشنى خالايدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان يۈكسەك مەنزىلىنى نامايان قىلىپ، ئۇنى تۆھپە ئىزنالىرىنى ئىزدەيدىغان، ئېتىقاد كۈچىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ بىۋاستە تەربىيە بازىسىغا ۋە روھقا ۋارىسلىق قىلىش ئېگىزلىكىگە ئايلاندۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنى پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەرقايسى تارماق (ئورۇن)، ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. «شۆيۈەنىمىز يەنە 3 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقى، يەر ئاستى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېئولوگىيە كۆرگەزمىخانىسى قاتارلىق قىزىل تارىخىي ئىزلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىيەت نۇقتىسى قىلدى. نۆۋەتتە، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەربىيەلىنىش، ئۆگىنىش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشنى ئالدىن زاكاز قىلغان سىنىپ قېتىم سانى 200 دىن ئاشتى» دېدى ۋاڭ دەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن